# قۇربانلىق

# خوراز




مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

www.uyghurkitap.com

ياسىن قارى ئىسمىلىك بىر كىشىنىڭ بىر خورىزى بار بولۇپ، ئۇ كىشى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى يەملەرنى بېرىپ ، ئاپتاپتا يايلىتىپ بەك ياخشى باقىدىكەن. چۈنكى، ئۇ خوراز ھەركۈنى ئۇنى نامازغا چىللاپ ئويغىتىدىكەن، ئۆيىنى ئوغرىلاردىن قوغدايدىكەن.



قۇربان ھېيت يېقىنلاپ كەپتۇ، ئەمما ياسىن قارى كەمبەغەل بولغانلىقى ئۈچۈن قۇربانلىق مال سېتىۋالالماپتۇ. ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن، ئامالسىز ئايالىنى خورازنى ئۆلتۈرۈپ، تاماق ئېتىشكە بۇيرۇپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ياسىن قارى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە چىقىپ كېتىپتۇ. ئايالى خورازنى تۇتماقچى بوپتۇ، ئەمما خوراز قېچىپ قوشنىلارنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋاپتۇ.



قوشنىلار ئايالدىن خورازنى نېمىشقا قوغلاۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ، ئۇ ئايال ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئايالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: -ھېيت كېلەي دەۋاتسا، ياسىن قارىنىڭ قىيىنچىلىقتا قېلىشىغا قانداقمۇ قاراپ تۇرالايمىز!؟- دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قوشنىسى بىر قوي، بىرى بىر كالا، يەنە بىرى بىر قوچقار ئەكىلىپ، ياسىن قارىنىڭ ئۆيىنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ياسىن قارى نامازدىن قايتىپ كېلىپ، قوي-كالىلارنى كۆرۈپ هەيرانلىق ئىلكىدە: - ۋوي بۇ نېمە ئىش؟ دەپ سوراپتۇ ئايالىدىن. ئايالى بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.



ياسىن قارى بۇلارنى ئاڭلاپ، ئاللاھنىڭ بەرگەن بۇ نىئمەتلىرى ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خورازنىمۇ ئۆلتۈرمەي، داۋاملىق ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بىللە ياشاپتۇ.

